## 271273 ـ ھەسەل ھەرىسىنىڭ لىچىنكىسىنىڭ يېيىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

### سۇئال

ھەسەل ھەرىسىنىڭ لىچىنكىسىنىڭ يېيىش توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ھەسەل ھەرىسىنىڭ لىچىنكىسىنىڭ يېيىش توغرا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ ھەسەل ھەرىسىنىڭ تۇرىدىن ھېسابلىنىدۇ، قۇرۇت ۋە ھاشاراتلەرنى يېيىشمۇ ئەسلىدە دۇرۇس بولمايدۇ.

لىچىنكا دېگەن تۇخۇمدىن چىققان ھاشارەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچلىرىدىن دەسلەپكى باسقۇچ بولۇپ، مۇكەممەل ھاشارەت بولۇش باسقۇچىدىن ئىلگىرىكى يۆتكىلىشچان باسقۇچ دەپ ئېيادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ شەكلى قۇرۇتقا ئوخشايدۇ.

ھەسەل ھەرىسگە نىسبەتەن لىچىنكىلىق باسقۇچى بولسا ئۇنىڭ تۇخۇمنى چاققان ۋاقتى بولۇپ، لىچىنكا كىچىك ئېلىپپىس شەكلىدە پۈتىمۇ يوق ۋە كۆزىمۇ يوق رەڭگى ئاپپاق ھالەتتە چىقىدۇ، تۇخۇمنى چىقىشتىن ئىلگىرى تۇخۇم ئەتراپىغا شاھانە يېمەكلىكتىن ئاز مىقداردا ئاجرىتىپ ئىشلەپ چىقىرىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ، لىچىنكا تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن لىچىنكىلەر ئۆچۈن ئۈچ كۈن شاھانە يېمەكلىك ئاجرىتىپ ئىشلەپ چىقىرىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ، مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن، لىچىنكا سوزۇلۇپ ئالتە كۆزلۈك بولىدۇ، ئاندىن غوزەك ئىشلەپ چىقىرىدۇ، بۇ قول تېگىشتىن ئىلگىرىكى باسقۇچ دەپ ئاتىلىدۇ.

لىچىنكا دېگەن ھەسەل ھەرىسىنىڭ يېتىلىش باسقۇچلىرىدىن بىر باسقۇچ بولۇپ، ھەسەل ھەرىسىنى ئۆلتۈرۈشتىن توسقانلىق توغرىسىدا ئەسەر بايان قىلىنغان، ئۆلتۈرۈش چەكلىنىدىكەن، ئۇنى يېيىشمۇ چەكلىنىدۇ. چۈنكى ئەسلى قائىدىدە: ئۆلتۈرۈش چەكلەنگەن ھەر قانداق نەرسىنى يېيىش توغرا بولمايدۇ، چۈنكى يېيىش توغرا بولغان بولسا ئۆلتۈرۈشمۇ توغرا بولاتتى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جانلىقلاردىن تۆت تۈرلۈك نەرسىنى ئۆلتۈرۈشتىن چەكلىگەن: چۈمۈلە، ھەسەل ھەرىسى، ھۆپۈپ ۋە كۆۋەيت قۇچقىچىدىن ئىبارەت. [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى 5267 شەيخ ئەلبانى سەھىھ دېگەن].

دائىمىي كومىتېت ئۆلىمالىرى مۇنداق دېگەن: ھۆپۈپنى ئۆلتۈرۈشتىن چەكلەنگەنلىك توغرىسىدا ئەسەر كەلگەن، ئۇنى ئۆلتۈرۈشتىن چەكلەنگەنلىك توغرىسىدىكى دەلىلدىن، ئۇنى يېيىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدىكى ھۆكۈم ئېلىنىدۇ، شۇڭىغا

ئاساسەن نەھىنىڭ ئەسلى ھارامنى بىلدۈرىدۇ. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جانلىقلاردىن تۆرت تۈرلۈك نەرسىنى ئۆلتۈرۈشتىن چەكلىگەن: چۈمۈلە، ھەسەل ھەرىسى، ھۆپۈپ ۋە كۈۋەيت قۇچقىچىدىن ئىبارەت. [ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى].

ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەدىس توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: بۇ ھەدىسنىڭ راۋىلىرى ئىشەنچىلىك راۋىدۇر. بەيھەقى مۇنداق دىگەن: بۇ ھەدىس مۇشۇ باپتا كەلگەن ئەڭ كۈچلۈك ھەدىستۇر". ["دائىمي كومىتىت پەتىۋاسى" 22-توم 23-بەت].

لېچىنكا ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچىدىن بىر باسقۇچ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرۈش ھەسەل ھەرىسىنى ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاش، ئۇنى يېيىش ھەسەل ھەرىسىنى يېگەنگە ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنى يېيىش توغرا بولمايدۇ. شەيخ سالىھ پەۋزاندىن ھەرىنىڭ لېچىنكىسىنى يېيىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا سورىغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ: لېچىنكا ھەسەل ھەرىسىدىن ھېسابلىنىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆلتۈرۈشتىن چەكلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى يېيىشمۇ ھارام بولىدۇ، دىگەن.

http://www.saif.af.org.sa/ar/node/549

شۇنىڭدەك لېچىنكىنى يېيىش قۇرۇت ۋە ھاشاراتلەرنى يېيىشنىڭ جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ. ئەسلىدە ئۇنى ئۆلتۈرۈش توغرا ئەمەس، بولۇپمۇ يېيىش مەقسىتىدە ئۆلتۈرۈش توغرا بولمايدۇ، ئۇ ئايرىم بىر نەرسە بولۇپ، يىمەكلىك قاتارىغا كىرمەيدۇ، مېۋىلەردە ئۆسۈپ يېتىلگەن بىلەن مېۋىلەرنىڭ جۈملىسىدىن ھېسابلانمايدۇ. بۇ ھەقتە تەپسىلى مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن 114855-21901ـ نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.